قىزىل يىڭناغۇچ چۆچەكلەر مەجمۇئەسى

# ياغاچ قورچاقنىڭ سەرگۈزەشتىسى




شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت-فوتو سۈرەت نەشرىياتى

قىزىل يىڭناغۇچ چۆچەكلەر مەجمۇئەسى

# ياغاچ قورچاقنىڭ سەرگۈزەشتىسى



ئەسلى ئاپتورى: كارلود [ئىتالىيە]

ئۆزگەرتىپ تۈزگۈچى: جۇ ۋېي

تەرجىمە قىلغۇچى: ماھىنۇر غوپۇر

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت-فوتو سۈرەت نەشرىياتى



1. بۇرۇنقى زاماندا يا ئوغلى، يا قىزى يوق بىر بوۋاي ئۆتكەن ئىكەن. ئۇ ئويۇنچۇق ياساپ تۇرمۇشىنى قامدايدىكەن. ئۇ ياسىغان ئويۇنچۇقلار كىشىلەرگە خۇشاللىق ئېلىپ كەلسىمۇ، بوۋاينىڭ تۇرمۇشى يەنىلا غورىبەتچىلىكتە ئۆتىدىكەن.

2. بوۋاي بىر بالىسىنىڭ بولۇشىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىدىكەن. بىر كۈنى ئۇ بىر ياغاچ قورچاقنى ياساپ بولۇشىغا، بىر مۆجىزە يۈز بېرىپتۇ ـ دە، ياغاچ قورچاق بىردىنلا «زۇۋانغا كېلىپ، ئۇنى «دادا!» دەپ چاقىرىپتۇ.



3. بوۋاي ناھايىتى خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ. بوۋاي قورچاققا پىنۇساۋ دەپ ئىسىم قويۇپتۇ. كونا پەلتوسىنى سېتىپ، پىنۇساۋغا ئوقۇش قوراللىرى ئېلىپ بېرىپتۇ.





4. پىنوساۋ مەكتەپتە تىرىشىپ ئوقۇپ، كەلگۈسىدە دادىسىنى ياخشى تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرمەكچى بوپتۇ. لېكىن، ئۇ مەكتەپكە بارغان بىرىنچى كۈنىلا يېزا بازىرىغا ئوينىغىلى كېتىپتۇ.

5. پىنۇساۋ ياغاچ قورچاق ئويۇنى كۆرۈش ئۈچۈن، دەپتەر - قەلەملىرىنى سېتىپ بېلەت ئاپتۇ. ياغاچ قورچاقلار ئۇنى كۆرۈپ، شاۋقۇن - سۈرەن سېلىپ پا-تىپاراق بولۇپ كېتىپتۇ. خوجايىن ئۇنى تۇتۇۋاپتۇ.



6. خوجاين ئۆنىڭدىن: «نېمىشقا مەكتەپكە بار-
مىدىڭ؟» دەپ سوراپتۇ. پىنوساۋ: «تەتىلگە قويۇۋەتتى»
دەپ يالغان ئېيتىپتىكەن، بۇرنى بىر غېرىچ ئۆزىراپ
كېتىپتۇ.



7. پىنۇساۋ ئۇزۇن بۇرنىنى سىلاپ تۇرۇپ راست گەپ قىلغان ئىكەن، بۇرنى ئەسلىگە كەپتۇ. ياغاچ قورچاقلار پۇل يىغىشىپ، پىنۇساۋغا دەپتەر-قەلەم ئېلىپ بېرىپتۇ.



8. مەكتەپتە ئوقۇغۇچىلار پىنۇساۋنى بەكمۇ ياخشى كۆرىدىكەن. پىنۇساۋ ناھايىتى ئەقىللىق بولغاچقا، مۇئەللىم ئۆگەتكەن دەرسلەرنى ئاسانلا بىلىۋالىدىكەن.



9. بىر كۈنى بىر كەپسىز بالا پىنۆساۋغا: «بىز ئويۇنچۇق دۆلىتىگە بېرىپ ئويناپ كېلەيلى» دەپتۇ. پىنۆساۋ ماقۇل بوپتۇ. ئىككىسى ئويۇنچۇق دۆلىتىگە قاراپ مېڭىپتۇ. ئويۇنچۇق دۆلىتىدە ھەممىلا يەردە ئويۇنچۇق بار بولۇپ، باللار ئەتىگەندىن-كەچكىچە ئويۇنچۇق ئوينايدىكەن، پىنۆساۋ بۇنى كۆرۈپ خۇشاللىقىدا ھەممىنى ئۇنتۇپتۇ.




WELCO
WELCOME

10. بىر ھازادىن كېيىن، ئويۇنچۇق دۆلىتىدىكى بالىلارغا ئۇزۇن قۇلاق ئۆسۈپ چىقىپتۇ، ئۇلار ئېشەككە ئايلىنىپ قاپتۇ. پىنوساۋمۇ ئۇزۇن قۇلاقلىق ئېشەككە ئايلى-
نىپ قاپتۇ.



11. بىر كۈنى سىرك ئۆمـ-
كىنىڭ خوجايىنى پىنۇساۋغا كۆزى
چۈشۈپ، ئۇنى سېتىۋېلىپ ئويۇن قو-
يۇشنى ئۆگىتىپتۇ. پىنۇساۋ جىق
تاياق-توقماق، دەشنام يەپ، ئاخىر
ئويۇن قويۇشنى ئۆگىنىپتۇ.



12. بىر كۈنى پىنۇساۋ سەھنىدە ئويۇن قويۇۋېتىپ، تاماشىبىنلار ئارىسىدا ئولتۇرغان دادىسىنى كۆرۈپ قاپتۇ. پىنۇساۋ شۇئان ھېچنېمىگە قارىماستىن: «دادا، مەن ...» دەپ ۋارقىرىۋېتىپتۇ.



13. خوجايىن ئاچچىقىدا ئۇنىڭ پۇتىنى ئۇرۇپ سۇندۇرۇۋېتىپتۇ. پىنۇساۋ ماڭالماس بولۇپ قاپتۇ، خوجايىن ئۇنى بىر بوۋايغا سېتىۋېتىپتۇ.





14. بوۋاي پىنوساۋنى دېڭىزغا تاشلاپ تو-
جوقتوروپ ئۆلتوروپ، ئونىڭ تېرىسىدە دومباق
ياسىماقچى بوپتو، بىچارە پىنوساۋ سونىڭ ئاس-
تىدا جان تالىشىپ ۋارقىراپتو.

15. بىر توپ بىرتقۇچ بېلىقلار ئۈزۈپ كېلىپ، ئۇنى چىشلەشكە باشلاپتۇ. ئۇنىڭ گۆشى تۆگەپ ياغىچى قېلىپ، سۇ يۈزىگە لەيلەپ چىقىپتۇ. دەل مۇشۇ چاغدا بىر لەھەڭ ئۈزۈپ كېلىپ، ئۇنى بىر يالماپلا يۇتۇۋېتىپتۇ.





16. پىنوساۋ لەھەڭنىڭ قاراڭغۇ قور-
سىقىدا كېتىۋېتىپ، ئالدى تەرەپتىن شام
يورۇقىنى كۆرۈپتۇ. ئەسلىدە يورۇقتا ئول-
تۇرغان كىشى ئۇنىڭ دادىسى ئىكەن.

17. دادىسى ئۇنى ئىزدەپ يۈرۈپ دېڭىزغا چۈشۈپ كېتىپ، لەھەڭنىڭ قور-
سىقىغا كىرىپ قالغان ئىكەن.



18. پىنوساۋ دادىسىنى يۆلەپ، لەھەڭنىڭ ئاغزىدىن قۇتۇلۇپ چىقىپ-
تۇ.





19 . پىنۇساۋ دادىسى بىلەن قىرغاققا ئۈزۈپ چىقىپتۇ. دادا - بالا ئىككىسى ئۆيگە قاراپ يول ئاپتۇ.

20. پىنۇساۋ دادىسىغا ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. دادىسى ئۇنىڭغا تاپا-تەنە قىلماپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ قىلمىشلىرىغا پۇشايمان قىلىپ، مەكتەپتىن ھەرگىز قاچماسلىق نىيىتىگە كەپتۇ.



21. كېيىن پىنۇساۋ راست بالىغا ئايلىنىپتۇ.



22. ئۇ تىرىشىپ ئۆگىنىپ، دادىسىنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئاپتۇ. شۇندىن ئېتىبارەن دادا-بالا ئىككىيلەن بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ.



مەسئۇل مۇھەررىرى : روشەنگۇل تۇرسۇن
گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى : ئازات بارات



ISBN 978-7-80547-814-2
9 787805 478142 >
总定价:12.00元 每册价:2.00元(维)